يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# خۇش پۇراقلىق زىرائەتلەردىن خەلقنى بېيىتىش كەسپى بارلىققا كەلدى

ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جايلىشىش شىفىرىنى يېشىش ⑨

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن خەۋەر قىلىدۇ: تومۇزدىكى شىنجاڭدا، ئۈستىقۇددۇس، يالپۇز، قىزىلگۈل، سەبدەرگۈل قاتارلىقلارنىڭ خۇش ھىدى ھەممە يەرنى قاپلاپ، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي - شىمالىدا «خۇش پۇراق خەرىتە»نى ھاسىل قىلىپ، خۇش پۇراق كەسپى شىنجاڭنىڭ خاس كەسپى، خەلقنى بېيىتىش كەسپىگە ئايلاندى.

شىنجاڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك شارائىت، كىلىمات ۋە يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، تېرىلغان ئۈستىقۇددۇس قاتارلىق خۇش پۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خۇش پۇراق ماي قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەركىبى يۇقىرى. ئاپتونوم رايونىمىز مول خۇش پۇراقلىق ئۆسۈملۈكلەرگە تايىنىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى «خۇش پۇراق كەسپى»نى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ ھەم كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىپ، بىيولوگىيەلىك ئاجرىتىپ ئېلىش، ساپ ماي ئايرىش، ھۆسن تۈزەش، تېرە ئاسراش بۇيۇملىرىنى چوڭقۇر پىششىقلاش قاتارلىق 2 - كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېكسكۇرسىيە ساياھىتى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان 3 - كەسپىنى ئاچتى.

قورغاس ناھىيەسى 56 مىڭ مو يەرگە ئۈستىقۇددۇس تېرىپ، كۆپ مەنبەلەشكەن تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈستىقۇددۇسنى چوڭقۇر پىششىقلاشنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈستىقۇددۇس مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى، ھەربىر تۈپ ئۈستىقۇددۇس شۇ جايدىكى ئاممىغا ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كەلدى.

2019 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈستىقۇددۇس تېرىلغۇ كۆلىمى 80 مىڭ مو، ھوسۇلى 14 مىڭ توننا بولدى.

خوتەن قىزىلگۈلى دۇنيادىكى بىردىنبىر ئېگىزلىكتىكى قۇملۇق قىزىلگۈلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار گۈلقەنت، قىزىلگۈل چېيى، قىزىلگۈل ساپ مېيى ھەمدە باشقا يېمەكلىك ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا چېتىلىدۇ. شىنجاڭ خوتەن ياڭگۇاڭ قۇملۇق قىزىلگۈلى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ كېرىيە گۈيىمى بىيو پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق باشلامچى كارخانىلارنىڭ ماكانلىشىشىغا ئەگىشىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قىزىلگۈل تېرىلغۇ كۆلىمى 65 مىڭ موغا يېقىنلىشىپ، يېتىشتۈرۈش، تېرىش، ئۈزۈۋېلىشتىن سېتىۋېلىش، پىششىقلاشقىچە بولغان مۇكەممەل كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، شۇ جايدىكى 12 مىڭ ئائىلىلىك دېھقاننىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

2019 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە خوتەن قىزىلگۈلىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 67 مىڭ مو، ھوسۇلى 11 مىڭ توننا بولدى.

سەبدەرگۈل ئاساسلىق تەبىئىي پىگمېنت كسانتوفىلنى ئايرىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ بازار ئىستىقبالى ياخشى، تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش كۈچى كۈچلۈك بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىدىكى مۇھىم كەسىپكە ئايلاندى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، يەكەن ناھىيەسىگە ماكانلاشقان چېنگۇاڭ بىيو پەن - تېخنىكا گۇرۇھى يەكەن چەكلىك شىركىتى 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سەبدەرگۈل فلاۋونى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى قۇرۇپ، سەبدەرگۈلنى «تولۇق ھەزىم قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇردى. باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكە بولۇشى بىلەن، بۇ يىل، يەكەن ناھىيەسى ھەم ئەتراپتىكى ناھىيە، شەھەرلەردە جەمئىي 150 مىڭ مو يەرگە سەبدەرگۈل تېرىلدى، يەكەن ناھىيەسىنىڭ سەبدەرگۈل كەسپىلا 63 مىڭ تېرىقچىلىق ئائىلىسىدىكى 315 مىڭ كىشىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 29 مىڭ نامرات ئائىلىدىكى 145 مىڭ كىشى بولۇپ، ئائىلە ئوتتۇرىچە كىرىمنى 2000 يۈەندىن ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

زىرە شىنجاڭلىقلار ياقتۇرىدىغان تېتىتقۇ بولۇپ، سۈپىتى ئەلا بولغاچقا، رۇسىيە، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ داڭقى بار. 2019 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە زىرە تېرىلغۇ كۆلىمى 260 مىڭ مو، ھوسۇلى 33 مىڭ توننا بولدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ئەلا سورتلارنى كىرگۈزۈش ۋە تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، تېرىقچىلىق بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، خاس داڭلىق ماركا يارىتىپ، كەسىپلەرنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 2022 - يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە خۇش پۇراقلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 350 مىڭ مودىن 450 مىڭ موغىچە يېتىدىكەن، 2025 - يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە خۇش پۇراقلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 400 مىڭ مودىن 500 مىڭ موغىچە يېتىدىكەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى دەۋلىن رىشات كەنت كادىرلىرى بىلەن بىللە، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەردىكى ئالتە نەپەر ئەمگەك كۈچىنى پارنىك باشقۇرغۇچى بولۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. باقتىگۈل شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىر ھەر ئايدا 2400 يۈەن كىرىمى بار بولۇپلا قالماي، يەنە ھاۋالىلىك باشقۇرىدىغان كارخانىدىكى تېخنىك خادىملارنىڭ ياردىمى، يېتەكچىلىكىدە كەنتتىكى موگۇ ئۆستۈرۈش ماھىرىغا ئايلاندى.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلسىمۇ سىياسەت توختىتىلمىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلسىمۇ ياردەم بېرىش - يۆلەش توختىتىلمىدى، كەنت تۆرلۈك بايلىقلارنى تولۇق بىرىكتۈرۈپ، ‹پارتىيە ياچېيكىسى + شىركەت + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى› تەرەققىيات ئەندىزىسىنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شۇ كەنتتىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.» دەۋلىن مۇنداق بىر ھېسابات قىلدى: كارخانا ھەربىر زەمبۇرۇغ تاياقچىسى ئۈچۈن 0.5 يۈەنلىك ئۆلچەم بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇپ كارتا بېجىرىلگەن 40 نامرات ئائىلىگە پايدا تەقسىملەپ بېرىدۇ، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىنمۇ ھەر يىلى 40 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى ئېشىپلا قالماي، كارخانا تەرەققىي قىلدى، كەنت كوللېكتىپىدىمۇ قول سېلىپ ئىشلەيدىغان جاسارەت بار بولدى.

«بۇ ئايدىن باشلاپ، شىركەت ھەر ئايدا مائاشىمنى 600 يۈەن ئۆستۈرۈپ بەردى. قالغان ئىككى پارنىكنى رېمونت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەنتتە ئېكسكۇرسىيە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن، مەن يەنە تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايمەن.» ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى يورۇقلۇق توسۇش تاختىسى ئورنىتىلىش ئالدىدا تۇرغان پارنىكقا قاراپ، باقتىگۈلنىڭ كۆزلىرى ئۈمىدكە تولدى.

### ئېلېكترونلۇق سودا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش خۇددى بۇلۇت سۇغا يولۇققانغا ئوخشايدۇ

سائەت 10دا، ئاينۇر قاماش ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇۋاتقان ئېلېكترونلۇق سودا تاللا بازىرى دەل ۋاقتىدا ئېچىلىپ، خېرىدارلارنى كۈتۈۋالدى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تاۋارلار مال جازىسىغا رەتلىك تىزىلغانىدى، كەنت ئاھالىلىرى ياسىغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ بۇلارنىڭ قاتارىغا تىزىلغانىدى.

2019 - يىلى 1 - ئايدا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە ئاينۇرنىڭ دۇكان ئېچىش تەجرىبىسى بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەنت ئەمدىلا قۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق سودا تاللا بازىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. «كەنتكە كېلىدىغان ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، تاللا بازىرىنىڭ سودىسىمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى» دېدى ئاينۇر.

ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بازىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتى - نۇقتىلىرىدىكى كەسىپكارلار ھەم يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى تەشكىللەپ، ئىككى قارار ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئەمەلىي مەشغۇلاتى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى، ئاينۇر شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

«قانداق قىلغاندا ئالاقە تورىنىڭ سۈرئىتىگە يېتىشىپ تىجارەت پىكىر يولىنى ئۆزگەرتكىلى، قانداق قىلغاندا توردىكى كەسپلەرنى كېڭەيتكىلى، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوقۇتقۇچى بىرلەپ چۈشەندۈردى. مەن خۇددى بىر پارچە قۇرۇق بۇلۇت تۇيۇقسىز سۇغا سېلىپ قويغاندەك، ناھايىتى كۆپ بىلىملەرنى قوبۇل قىلدىم، ھاياجاندىن كېچىلىرى ئۇخلىيالمىدىم.» ئاينۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ئۇ دوستلار چەمبىرىكى، دوۋيىن قىسقا سىنى ھەمدە بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قۇرۇتۇلغان گۆش، ئىرىمچىك قاتارلىق خاس مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى سېتىشقا باشلىغان. كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلىرى ياسىغان مىللىي خاسلىققا ئىگە قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ يېزا - كەنتلەردىن چىققان.

«ئادرېسىڭىزنى قالدۇرۇپ قويۇڭ، مەن تېزلا سىزگە تېز يوللانمىدىن ئەۋەتىپ بېرىمەن.» گەپ ئارىلىقىدا ئاينۇر يەنە بىر زاكاز قوبۇل قىلىپ، بىر قازاق ئۇسلۇبىدىكى سومكىنى شىئەنگە ئەۋەتىدىغان بولدى، بۇ ئاينۇرنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان يېرى پەيت، ئۇ بۇنداق زاكازلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ.

### مېھمانلارنىڭ ماختاشلىرى دەل دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ بەخت پۇرىقى

سائەت 12دە، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە جېڭسىبېك مۇراتبېك يەڭلىرىنى تۈرۈپ، ناھىيە بازىرىدىن كەلگەن مېھمانلارغا چۈشلۈك تاماق تەييارلاشقا باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتە يېڭىدىن بېزەلگەن يۇملاق ئۆيدە، جېڭسىبېكنىڭ خوتۇنى يېپيېڭى داستىخان سېلىپ، يېڭى مېۋىلەرنى ئۈستەلگە تىزدى.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى باشقۇرۇۋاتقان بۇ «غالىبىيەت دېھقانلار ئارامگاھى»نىڭ ئورنى ياخشى، قورۇملىرىنىڭ تەمى مەززىلىك بولغاچقا، نامى ئەتراپتىكى يۇرت - يۇرتلارغا تارقالدى. ئاۋات پەسلىدە، بىر كۈن بۇرۇن تېلېفون قىلىپ ئالدىن زاكاز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خۇاڭجىن خېيەن، خېيشاڭ موگۇيېچىڭدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەنزىرە رايونىغا تايىنىپ، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى ئاقئۆتكەل كەنتى ۋە ئالغا كەنتىدە ئىككى چوڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھەت كەنتىنى كۈچەپ بەرپا قىلدى. گەرچە ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى پەقەت سەككىز كىلومېتىر بولسىمۇ، ئاقئۆتكەل كەنتىدە ئىلگىرى ساياھەتچىلەر ئاز ئىدى. كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى ئاقئۆتكەل كەنتىنىڭ تەرەققىيات پۇرسىتىنىڭ كەلگەنلىكىنى سەزگۈرلۈك بىلەن تونۇپ يەتتى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن، ئاقئۆتكەل كەنتى خاس يېمەك - ئىچمەك، ساياھەت مۇلازىمىتى قاتارلىق ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، قاراتمىلىق ھالدا كەنت ئاھالىلىرىنى تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىساد بەلبېغىغا ئېكسكۇرسىيەگە، ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، بېيىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى، جېڭسىبېك تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىساد بەلبېغى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ بىر ئەزاسى.

ئۇلۇنگۇر كۆلدە قىشلىق بېلىق تۇتۇش بايرىمى، قىشلىق تۆل ئېلىش مەدەنىيەت - ساياھەت بايرىمىغا تايىنىپ، ئاقئۆتكەل كەنتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەتتە مەيدان خاس مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. سودا ئەڭ ياخشى بولغان مەزگىلدە، جېڭسىبېكنىڭ دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ بىر ئايلىق تىجارەت سوممىسى 6000 يۈەنگە يېقىنلاشتى.

«كەنت بىلەن بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى خېيشاڭ موگۇيېچىڭنى تۇتاشتۇرىدىغان تاشيولدا كېلەر ئاينىڭ ئاخىرى قاتناش باشلىنىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ساياھەتچىلەر چوقۇم تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، مەن دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، بۇ ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتىمەن.» مېھمانلارنىڭ ماختاشلىرى ئىچىدە، جېڭسىبېك ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قورداق، قېرىنغا سېلىپ پىشۇرۇلغان گۆش، سۇدا پىشۇرۇلغان گۆش قاتارلىق مەززىلىك تائاملارنى تاماق ئۈستىلىگە تىزدى، بۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ بەختلىك دەقىقىلەر ئىدى.

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# شۆ يۈچىڭ: قەھرىمان ئىسسىق قېنى بىلەن تىنچ - ئامانلىق بەرپا قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر ياڭ فەن)** ئىش ئۈستىلىدىكى ئۆرۈلمىگەن كالېندار، يەپ بولالمىغان پېچىنە، ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە ئارتىلغان چاپان... بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما خېبېي ئۆلكىسى سۇنىڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى نۇرغۇن خىزمەتداشىنىڭ كۆز ئالدىدا، ئەينى چاغدىكى جېڭۋېي شۆ يۈچىڭنىڭ ھەممە ئىشى ھازىرقىدەكلا نامايان بولۇپ تۇراتتى.

2015 - يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يېرىم كېچىدە، سۇنىڭ ناھىيەسىنىڭ شىشباۋ كەنتىدە، جىنايەت گۇماندارى لىيۇ شۇاڭرۇي قولىغا قوشئاتار ئوۋ مىلتىقى ئېلىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شۇ كەنتتىكى ئىككى ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، ئۈچ ئادەمنى يارىلاندۇرغان. 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەر سائەت 1دىن ئاشقاندا، شۆ يۈچىڭ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەترەتنى باشلاپ يېتىپ كەلگەن.

ئۇ بىر تەرەپتىن ساقچى كۈچى ۋە قورال - جابدۇقلارنى يۆتكىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن نەق مەيداندىكى ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرىغىنى يېقىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قاراڭغۇ جايغا مۆكۈۋالغان جىنايەت گۇماندارىغا ھەيۋە شەكىللەندۈرگەن، ئاخىرى تۇرۇپ تۇتۇش خىزمىتى دەرھال قانات يايدۇرۇلغان.

سەھەر سائەت 3 لەردە، كەنتنىڭ شەرقىدە تۇيۇقسىز ئوق ئاۋازى ئاڭلانغان، شۆ يۈچىڭ ئەترەتنى باشلاپ قورشاپ تۇتۇشقا ئاتلانغان. ئاپشاركا كۆندۈرگۈچى يۈەن شۈەي ئاپشاركىنى يېتىلەپ نەق مەيدانغا ئېتىلىپ كىرگەندە، قاراڭغۇ جايغا يوشۇرۇنۇۋالغان جىنايەت گۇماندارى ئوق ئېتىپ ئۇنىڭغا تەگكۈزگەن. شۆ يۈچىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى يۈەن شۈەينى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشقا جىددىي چاقىرغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىپ كۆپچىلىكنى بەدىنى بىلەن توسۇۋالغان.

تۇتۇش نۇقتىسى ئەڭ ئاخىرىدا جىنايەت گۇماندارىنىڭ كونا تۇرالغۇسىغا مەركەزلەشكەن. تاڭ ئاستا - ئاستا يورۇغان، كەنت ئاھالىلىرى ئارقا - ئارقىدىن سىرتقا چىقىشقا باشلىغان، ئەگەر ئەتراپقا ئولىشىۋالسا، تېخىمۇ زور يوشۇرۇن خەۋپ پەيدا قىلاتتى ھەم جىنايەت گۇماندارىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى. شۆ يۈچىڭ تېز جەڭ قىلىپ تېز غەلىبە قىلىشنى قارار قىلىپ، ئەتراپتىكى كوچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۇجىسى جاڭ جىخۇڭ ۋە تۆت نەپەر ساقچىنى باشلاپ كىرىپ ئاختۇرغان.

ھويلا، ئۆي ئىچىدە ئادەم يوق ئىدى، شۆ يۈچىڭ ئىشىك يېنىغا بىر شوتا قويۇلغانلىقىغا دىققەت قىلغان، ئۇ ئۆگزىنى جىنايەت گۇماندارى يوشۇرۇنۇۋېلىش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ جاي دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئەينى چاغدا لەمپە ئاستىدا جاڭ جىخۇڭ بىلەن شۆ يۈچىڭ ئىككىسى قالغانىدى، شۆ يۈچىڭ تەبىئىيلا جاڭ جىخۇڭنى كەينىگە ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزى بىر قولىغا قورال ئېلىپ، يەنە بىر قولىدا شوتىنى تۇتۇپ، ئاستا - ئاستا يۇقىرىغا ياماشقان.

«بىر پېششەدەم ساقچى تەجرىبىسى ۋە ئەقەللىي بىلىمگە ئاساسەن، خەتەرنىڭ دەرىجىسىنى جەزمەن بىلىدۇ، ئەگەر جىنايەت گۇماندارى ئۆگزىدە بولۇپ، قولىدا ئۆلتۈرۈش - يارىلاندۇرۇش كۈچى ناھايىتى زور بولغان قوشئاتار ئوۋ مىلتىقى بولسا، ئاقىۋىتى قانداق بولماقچى» دېدى جاڭ جىخۇڭ ئەسلەپ.

ئۇ ئويلىنىپ بولغۇچە، ئۆگزىدە قۇلاقنى يارغۇدەك مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانغان. ئۆگزىنى كۆزىتىش ئۈچۈن چىققان شۆ يۈچىڭ يەرگە قاتتىق يىقىلىپ چۈشۈپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان جىنايەت گۇماندارى ئاخىر تېگىشلىك جازاغا تارتىلغان.

1989 - يىلى ساقچى بولغاندىن كېيىن، شۆ يۈچىڭ باشتىن - ئاخىر ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان، ھەر قېتىم تاسادىپىي ۋەقە يۈز بەرگەندە، ھەممىشە ئۆزىنى ئەڭ خەتەرلىك گۇرۇپپىغا تەقسىملىگەن. ئۇ ئىلگىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىقتىسادىي رازۋېدكا سىستېمىسىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ سايلانغان، «پۈتۈن ئۆلكە بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» «پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئىقتىسادىي رازۋېدكا مۇتەخەسسىسى» «خېبېي ئۆلكىسىدىكى يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» بولۇپ باھالانغان.

2015 - يىلى 6 - ئايدا، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى شۆ يۈچىڭغا «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ شەرەپ نامى بەرگەن، خېبېي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شۆ يۈچىڭغا «خەلق قوغدىغۇچىسى» دەپ نام بەرگەن، خېبېي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شۆ يۈچىڭنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىغان.

# ۋاڭ ۋېنجيېك: پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېبېي تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جاڭ زىيۈن، ياڭ دىڭمياۋ)** «تېز بېرىپ سوراپ بېقىڭلار، سوقۇلۇپ كەتكەن كىشى قانداقراق تۇرۇپتۇ؟» 2014 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېچىدە، كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان ۋاڭ ۋېنجيېك ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزنى قالدۇردى. بۇ، ئۇنىڭ قىسقىغىنا كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نامايەندىسى — قەلبىگە مەڭگۈ باشقىلارنى پۈكۈش ئىدى.

ۋاڭ ۋېنجيېك، 1973 - يىلى 6 - ئايدا تۇغۇلغان، ھايات ۋاقتىدا ئەنخۇي ئۆلكىسى شيۇجوۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 1 - چوڭ ئەترىتى 2 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى بولغان.

2014 - يىلىدىكى ئاشۇ كېچىدە، ۋاڭ ۋېنجيېك بىر پىكاپنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈۋاتقان بىر يولۇچىنى سوقۇۋەتكەنلىكى، سوقۇلغۇچىنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنىڭ نامەلۇم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغان.

«ئادەمنى بىر مىنۇت بالدۇر تاپساق، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئۈمىدى بىر مىنۇت كۆپ بولىدۇ». نەق مەيدانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ۋاڭ ۋېنجيېك تېزدىن نەق مەيداندا ئىزدەشكە قوماندانلىق قىلغان. بىر قانچە قېتىم ئۈنۈمسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىر يولنىڭ غەرب تەرىپىدىكى نەچچە ئون مېتىر يىراق جايدىن سوقۇلغۇچىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىشىنى بايقىغان.

ۋاڭ ۋېنجيېك ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ تېزلىكتە يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن يېتىپ كەلگەن. ئويلىمىغان يەردىن، يامغۇر يېغىپ تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ۋاڭ ۋېنجيېك بىخەتەرلىك رېشاتكىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈۋاتقاندا، يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى كۆۋرۈك ئۈستى يوچۇقىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ، سۇنغان قوۋۇرغىسى ئۆپكىسىنى تېشىۋەتكەن، ئىچكى ئەزالىرى ئېغىر يارىلىنىپ ئېغىر قانسىراپ، ئەڭ ئاخىرىدا قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان.

«ئەينى چاغدا ۋاڭ ئەترەت باشلىقى نەچچە ئون مېتىر يولنى كۆپرەك مېڭىپ ئايلىنىپ كەلسە بولاتتى، بۇ پۈتۈنلەي ئادەمنى قۇتقۇزۇشقا ئالدىراپ قالغانلىقتىن بولدى» دېدى بىرلىكتە چارلاشقا چىققان نيۇ جىنگاڭ.

ۋاڭ ۋېنجيېكنىڭ دەپنە مۇراسىمى كۈنى، 1000دىن ئارتۇق ئامما ئۆز ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى، يول بويى گۈل چەمبىرەكلەرگە تولدى، كىشىلەر كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزغان بۇ قەھرىماننى ئۇزىتىپ قويدى.

1992 - يىلى 4 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىك خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ۋاڭ ۋېنجيېك ئىزچىل قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت يولدا ۋەزىپە ئۆتەشتە چىڭ تۇرغان. ھەر قېتىم يامغۇرلۇق، قارلىق، تۇمانلىق ھاۋا رايىدا ۋە قاتناشنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە، ئۇ ھەممىشە ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، يول راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ خەتەردىن قۇتقۇزغان. خىزمەتداشلىرى ۋاڭ ۋېنجيېكنىڭ قانچە قېتىملاپ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا كاشىلا چىققان ئاپتوموبىللاردىكى ئاغرىقلار ياكى ھامىلدارلارنى جىددىي دوختۇرخانىغا ئاپارغانلىقى ياكى ئاپتوموبىللار پارتلاۋاتقان خەۋپ - خەتەرگە قارىماي، قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغان ياردارلارنى بىخەتەر جايغا يۆتكىگەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

ھەر يىلى چاغاننىڭ ئالدىنقى كېچىسىنى ۋاڭ ۋېنجيېك ھەممىشە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئىش ئورنىدا ئۆتكۈزەتتى. ياشىنىپ قالغان ئانىسىنىڭ يالغۇز قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ دائىم تۇغقانلىرىنى جەم قىلىشنىڭ غېمىنى قىلاتتى، پەقەت ئۆزىلا كەم ئىدى. «چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى شوپۇرلارنىڭ ھەممىسى ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىدۇ، قار - مۇزلۇق يولدا ئاسانلا ھادىسە كۆرۈلىدۇ، مەن ئۆيدە تۇرسام قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن؟» ۋاڭ ۋېنجيېك دائىم خوتۇنىغا شۇنداق دەپ تەسەللىي بېرەتتى.

2015 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ۋاڭ ۋېنجيېكقا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن؛ 2015 - يىلى 6 - ئايدا ئىنقىلابىي قۇربان دەپ باھالاپ بېكىتىلگەن.

«مۇنەۋۋەر كوممۇنىستنىڭ پارتىيە ئەزاسى ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى قۇربىنىڭ يېتىشىچە ھەل قىلىپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىشى كېرەك»، ئائىلىسىدىكىلەر ۋاڭ ۋېنجيېكنىڭ ئەستىلىكلىرىنى رەتلىگەندە، ئۇنىڭ «قالتىس پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ 13 ئادىتى» دېگەن كىتابتىكى بۇ بىر جۈملە سۆزنى چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىپ قويغانلىقىنى ھەم بىر بەش يۇلتۇزنى ئالاھىدە سىزىپ قويغانلىقىنى بايقىدى. بۇ، ئۇ دائىم ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆز، شۇنداقلا ئۇ ئەمەل قىلىپ كەلگەن مىزان ئىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)